□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

جۇڭگو خەلقئارا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى

# پومپېئو ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى قايىنىمىدا ھامان ئۆزىنى سەتلەشتۈرىدۇ

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، قەستەن قارا چاپلاپ، سىياسىي دەسمايە توپلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. بۇنداق سىياسىي يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ۋە قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق. شىنجاڭنىڭ نورمال ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىنى باستۇرۇش ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان بۇ خىل قىلمىشنى بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

پومپېئونىڭ ئۆزىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئاتالمىش «دىپلوماتىيە مىراسى» ئۈچۈن، مۇشۇ پەيتتە «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق سۆزنى قايتا تىلغا ئېلىشى «يالغان ـ ياۋىداق سۆزنى نەچچە مىڭ قېتىم تەكرارلىسىمۇ يەنىلا يالغان ـ ياۋىداق سۆز» دېگەن پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىز ئۆز خىزمىتىمىزدىن چىقىش قىلىپ، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتلار، سودا سېلىنمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاپپاراتلىرى، سودا جەمئىيەتلىرى، تەشكىلاتلىرى ۋە سودا ـ سانائەت، كارخانا ساھەسىدىكىلەر بىلەن كەڭ ئالاقە ئورنىتىپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق كارخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىدۇق. خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىگە، كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاش، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇق؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىگە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇق.

پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى»دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈشى شىنجاڭنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىگە پائال قاتنىشىشتەك چوڭ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ـ سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشتەك چوڭ ۋەزىيەتنى توسۇيالمايدۇ. 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 149 مىليارد 170 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، 2018 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 31.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت 114 مىليارد 470 مىليون يۈەن بولۇپ، 24% ئاشتى؛ ئىمپورت 34 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 62% ئاشتى. 2020 ـ يىلى، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىككى تەرەپلىك مال سودىسى ئومۇمىي قىممىتى 4 تىرىليون 60 مىليارد يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 8.8% ئاشتى. بۇنىڭدىن كىشىلەر شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ـ سودا تەرەققىياتىنىڭ «چىدامچانلىق»ىنى ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز توسۇيالمايدۇ، خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان چوڭ ۋەزىيەتنى ھەرقانداق سۈيىقەست ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىسى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى قايىنىمىدا ھامان ئۆزىنى سەتلەشتۈرىدۇ.

ھازىر يەر شارىۋى سودىنى ئېچىۋېتىش ئورتاق ئىلگىرىلەشكە باشلايدۇ، بېكىنمىچىلىك ھەممىنى چېكىندۈرىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىز شىنجاڭنىڭ ئوچۇق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىمىز؛ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قورۇقچىلىقنىڭ شامالغا ئەگىشىپ يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز؛ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان سۆزلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرىمىز؛ ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە قانات يايدۇرۇپ، كەڭ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەرنى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يەر شارىۋى سودىنىڭ رايونلاشقان ھەمكارلىقى، يەر شارىۋىلاشقان ھەمكارلىقى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى. ئەنئەنىۋى، يەككە، مۇتەئەسسىپ سودا تەدبىرلىرى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، يېڭىلىق يارىتىش، ھەمبەھىرلىنىش، ھەمكارلىشىش يەنىلا يەر شارىۋى سودىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى پومپېئودىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن بوھتان چاپلىشى سەۋەبلىك بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ.

# پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى ۋە زەھىرىنى تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلايلى

□ شىنجاڭ گېزىتخانىسى 2 ـ تەھرىر بۆلۈمى مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئەركىن ئابدۇجېلىل

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو تەختتىن چۈشۈش پەيتىدە، خۇددى بىر ساراڭدەك جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ھە دەپ ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قىلدى، قارا چاپلىدى. پاكىتقا كۆز يۇمۇلغان، ئاق ـ قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان تۈرلۈك سەپسەتىلەر ئامېرىكا تارىخىدىكى بۇ «ئەڭ ناچار، ئەڭ رەزگى، ئەڭ نومۇسسىز» دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ تاشلىدى.

پومپېئو شىنجاڭ «ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» دەپ ھۇجۇم قىلدى، بۇ، پۈتۈنلەي توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك؛ ئۇ شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي كەلسە ـ كەلمەس ئىغۋا توقۇغانلىق؛ ئۇ شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدا قالايمىقان جۆيلىدى، مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش بولۇپ، نىيىتى ئىنتايىن زەھەرخەندە. پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش، يەنە كېلىپ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئۆلچەم قىلىشتەك بۇ خىل رەزىل ۋاستە پومپېئونىڭ ناچار پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ جۇڭگوغا قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى پەيدا قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

پومپېئو توقۇپ چىققان تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىگە قىلىنغان ئىنتايىن زور ھاقارەت بولۇپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا خەلقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا قىلىنغان ئىنتايىن زور ھاقارەت، شۇنداقلا، ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق ۋە ئاساسىي ۋىجدانغا قىلىنغان ئاسىيلىق ۋە خىرىستۇر. پومپېئونىڭ رەزىل قىلمىشى بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىي كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرۈپ يەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم بولغان رېئاللىقىنىڭ دېگىنى ھېساب. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ئېلىپ ئېيتساق، پومپېئونىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارىتا كۈچىنىڭ بارىچە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، تۆھمەت قىلىشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقلىرىنى ئىنكار قىلىش، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىش. ئەمما، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ زادى قانداقلىقىنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەر، ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر سۆزلىشى كېرەك. مەن تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاغزىدىن «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنى قۇتقۇزىۋالدى» دېگەن يۈرەك ساداسىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى «ئادەم قۇتقۇزىدىغان، ئادەم تەربىيەلەيدىغان» مەكتەپ. تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۇ يەردە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى. ئۇلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىدا ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن قۇتۇلدى، نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى تېپىپ، خاتىرجەم، ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. تەربىيەلەنگۈچىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىر قىسىم كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، بەلكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى.

شىنجاڭنىڭ زادى قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى پەقەت مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرلا ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، مەن بۇنىڭ گۇۋاھچىسى، شۇنداقلا باشتىن كەچۈرگۈچى، تېخىمۇ مۇھىمى مەنپەئەتلەنگۈچى. مەن ئاددىي بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرى كېسەك ئۆي ئىدى، يېزا ـ كەنت يوللىرىدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ھەممە ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى شىنجاڭدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى، تۈپتۈز، كەڭ ئاسفالت يوللار ھەممە تەرەپكە تۇتاشتى، پۇقرالارنىڭ ھەممىينى تومپايدى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولۇپلا قالماستىن، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگە بولدى، نۇرغۇن ئائىلە يەنە پىكاپ سېتىۋالدى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى، ھەممىلا يەردە كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان مەنزىرە نامايان بولدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا جەمئىيەت سىجىل مۇقىم بولۇپ، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرۈمچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق، دىنلار ئىناق، رايىش بولدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدۇ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ! شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ، پومپېئو تارقاتقان تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەر مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

# نومۇسسىز ھەم يالغاندىن ئۇخلىۋالغان پومپېئو!

□ شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىم

مۇنداق بىر گەپ بار: سىز يالغاندىن ئۇخلىۋالغان ئادەمنى مەڭگۈ ئويغىتالمايسىز! ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو دەل مەڭگۈ يالغاندىن ئۇخلىۋالىدىغان، نومۇسسىز يالغان ـ ياۋىداق سۆز تارقىتىش ئۇستىسى. ئۇ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇچىغا چىققان يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقۇپ، خەلقئارا سەھنىدە ئۆزىنىڭ «يالغانچىلىق دىپلوماتىيەسى» ئويۇنىغا مەپتۇن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارىتا تاللاشچان كور بولۇۋالدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى يىرگىنىشلىك، قىلمىشلىرى قەبىھ بولۇپ، مۇقەررەر مەڭگۈ لەنەتكە قالىدۇ.

ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ نەزەرىمىزدە پومپېئو دەل كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە ۋە ئەسىر مەسخىرىسى. ئۇنىڭ ئاتالمىش جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىشى بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز.

مەن پومپېئوغا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، بىز ئۇيغۇر مىللىتى دەل گۈللەنگەن دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىمىز، سىلەردەك باشقىچە غەرەزدىكى لۈكچەك سىياسەتۋازلارنىڭ چۈملىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىدەك ئۆزۈڭلارنى چاغلىماي قىلغان سۆزلىرىڭلار ھەقىقەتەن گۈدەك بالىلارمۇ قىلمايدىغان كۈلكىلىك گەپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك.

مەن گۈزەل شىنجاڭدا تۇغۇلغان، يۇرتۇمنىڭ ھەققىي قىياپىتىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئېلان قىلىپ، زور مىقداردىكى تەپسىلىي، ئېنىق سانلار ۋە مىساللار ئارقىلىق ئەينەن نامايان قىلىپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەپ، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1200دىن كۆپرەك كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ خاتىرجەم ـ ئاسايىشلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئالاقە تورى دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنىڭ ھەققىي قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ، پومپېئو كۆرمىگەنمىدۇ؟ ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا شىنجاڭغا قارا چاپلاش دەل بۇزۇق نىيەت، باشقىچە غەرەز، لۈكچەكلىك مەنتىقىسى، زومىگەرلىكتىن ئىبارەت.

مەن پومپېئوغا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، مەن دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولغان ئۇيغۇر ياشلارنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. مەن قەشقەردە تۇغۇلغان، دۆلەت ئورتاق تىلدا بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇر ياشتىن مېدىتسىنا دوكتورى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندىم، ئىلگىرى جۇڭگو ياش ئالىملىرىغا ۋاكالىتەن شۋېتسارىيەگە بېرىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىغا قاتناشتىم. مېنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى دۆلەت خىزمەتچىسى، تۇرمۇشى خاتىرجەم، بەختلىك. 90 نەچچە ياشلىق دادام ھەر ئايدا دۆلەتنىڭ پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا ئالىدۇ، ئاغرىپ داۋالانسا داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ. ھېيت ـ بايراملاردا، بىز بىر ئائىلىدىكى 30 نەچچە كىشى بىر يەرگە جەم بولۇپ، شاد ـ خۇراملىققا، بەختكە چۆمىمىز.

مېنىڭ چوڭ ئائىلەم ھەم مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشۇم پەقەت شىنجاڭدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 25.04% ئاشتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە شىنجاڭلىق 61 ۋەكىل بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 37 بولۇپ، 60.65%نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋەكىل بولۇپ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

پومپېئو توقۇپ چىققان شىنجاڭغا ئالاقىدار سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە چىشىغا تېگىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئوبيېكتىپ پاكىت، ئاساسىي ئەخلاق، ھەققانىيەت، ۋىجدانغا قىلىنغان ئاسىيلىق ۋە خىرىس. پومپېئو پاكىتنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئۆلچەم قىلىپ، جۇڭگو ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى پەيدا قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى.

ئۇيغۇر تېبابەت دوكتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، كۆيۈنگەنلىكىگە گۇۋاھچى بولدۇم. بەش يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى، چوڭ كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيەدە بىردىن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ھەربىر يېزا ـ بازاردا بىردىن دوختۇرخانا، ھەربىر مەھەللە كەنتتە بىردىن داۋالاش ئۆيى بار. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشتە كىچىك كېسەللەر يېزىدىن چىقماسلىق، چوڭ كېسەللەر ناھىيەدىن چىقماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى يەنىمۇ قوغداش ئۈچۈن، دۆلەت يەنە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت تېببىي ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلىدى، ناھىيە، يېزىلار ئۈچۈن تېببىي ئوقۇغۇچىلار ۋە يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىنى ھەقسىز تەربىيەلەپ بەردى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، نۇرغۇن ئۇيغۇر تېببىي داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جانلىنىپ، چېگرا رايوندىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى كۆڭۈل قويۇپ قوغدىماقتا.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جۇڭگودا ياشاۋاتقىنىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن، پومپېئونىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى پومپېئو قانداقمۇ تۆھمەت قىلىپ، قارا چاپلاپلا ئۆزگەرتىۋېتەلىسۇن؟ جۇڭگودىكى 56 مىللەت، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، پومپېئو قانداقمۇ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالىسۇن؟ مۇشۇ يىللاردا پومپېئو دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاتقان تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەرلەر مۇقەررەر ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، پومپېئومۇ مۇقەررەر تارىخنىڭ ئادىل سوتلىشىغا ۋە ھېساب ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ.